ھەيۋەتلىك تىيانشاندا ئۇلۇغۋار ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقتى

—— يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى

(بېشى 5 ـ بەتتە)

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سېلىپ، دۆلەت قاتلىمىدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەپ، بىر قاتار ئالاھىدە مالىيە، سېلىنما، پۇل مۇئامىلە، ئىختىساسلىقلار سىياسىتى قاتارلىقلارنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا مايىللاشتۇردى، بۇنىڭ سالمىقى مىسلىسىز بولۇپ، كۆيۈنۈشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى مەڭگۈ ئەستە ساقلىنىدۇ.

مەسىلە قانچە مەركەزلەشكەنسېرى، قىيىنچىلىق قانچە گەۋدىلىك بولغانسېرى، ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچلۈك ئىرادە بولۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى مۇجەسسەملەپ جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى.

—— قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى؛

—— ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كۈچىنى تەقسىملەش، مۇھىم، زور تۈر ئەسلىھە قۇرۇلۇشى يانداش مەبلىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرى سېلىنمىسىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا مايىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇردى. 2014 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، ئاپتونوم رايون مالىيەسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا 497 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %17.1 ئاشۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى؛

—— ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، تۇرالغۇ، ئىچىدىغان سۇ، توك ئىشلىتىش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى مەسىلىلىرىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ھەل قىلدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى پائال يولغا قويۇپ، شەھەر ـ يېزا بىر گەۋدە قىلىنغان ھەقسىز ئۈچ يىللىق ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى، نامرات نوپۇسنىڭ خەتەرلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇش، قىرتاق، تۇزلۇق سۇ ئىچىش تارىخى كەلمەسكە كەتتى… ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ زور دەرىجىدە ياخشىلىنىشى خەلق رايىغا ئۇيغۇنلاشتى، خەلقنىڭ قەلبىنى مۇجەسسەملىدى؛

—— دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى قەتئىي يەڭدى. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» مەسىلىسىنى چىڭ كۆزلەپ، تۈرلۈك نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىرادە، ئەقىل جەھەتتىن قوش يۆلەپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئۇرغۇتۇپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش بىلەن جەڭ قىلىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا نامراتلىق يۈزلىنىش نىسبىتى 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى %29.1تىن 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى %2.21كە تۆۋەنلىدى، كوئېنلۇن تېغى ئاستىغا كۆمۈلگەن 1000 يىللىق نامراتلىق يىلتىزى پۈتۈنلەي يۇلۇپ تاشلاندى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدىلا.

جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىغا نەزەر سالساق، گىرەلىشىپ كەتكەن يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللاردا ئاپتوموبىللار ئۇچقاندەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن كەسىپلەر باغچە رايونىدا ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئاۋازى گۈرۈلدەپ تۇراتتى، گۈللىنىپ روناق تاپقان چېگرا پورتىدا ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇراتتى… ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بۇ يەردە جاراڭلىق دەۋر مېلودىيەسىنى ياڭراتماقتا.

جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىغا نەزەر سالساق، زامانىۋىلاشقان مەكتەپ قورۇسىدا كىتاب ئوقۇۋاتقان جاراڭلىق ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى، رەتلىك سېلىنغان نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نۇقتىلىرىدا چىرايلاردىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى، ئىشىك ئالدىدىكى توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرىدا ھەر مىللەت ئاممىسى بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ گۈزەل تۇرمۇشنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە.

جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىغا نەزەر سالساق، كەنتتىكى قىزلار بارغانسېرى مودا بولۇپ كەتتى، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى پۈتۈڭخۇانى بارغانسېرى راۋان سۆزلەيدىغان بولدى، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بارغانسېرى مولىلاشتى، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ تۇرمۇش شەكلى بارغانسېرى زامانىۋىلاشتى… مەدەنىي يېڭى كەيپىيات قەدىمىي تۇپراقنى سىيپاپ ئۆتۈپ، گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان كەنت ـ مەھەللىلەرنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە.

تاغلارنىڭ ئەجدادى بولغان كوئېنلۇن تېغى كۆز يەتكۈسىز بولۇپ، تالاي قېتىم دۇنيانىڭ گۈللىنىشى ـ خارابلىشىشىنى كۆردى، ئوخشاشلا 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيانقى جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىنىڭ يېپيېڭى قىياپەتكە گۇۋاھ بولدى. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى بۇ تۇپراقنىڭ تەقدىرىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتىپ، بۇ تۇپراقتىكى ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل خەلققە ھەقىقىي بەخت ئاتا قىلماقتا.

جەنۇبىي شىنجاڭ مۇقىم بولسا شىنجاڭ مۇقىم بولىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ گۈللەنسە شىنجاڭ گۈللىنىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇساپىسىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ شاھمات كۆزىنى چىڭ تۇتقاندا، زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى چىڭ تۇتقىلى بولىدۇ، ھالقىلىق بىر ئۇرۇق ياخشى مېڭىلسا، شاھماتتا ئۇتقىلى بولىدۇ.

8

داشى كەنتى، بىر ياڭراق ئىسىم، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، غېمىنى يەيدىغان بىر كەنت.

2014 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە داشى كەنتىنىڭ كەنت تەلىمى «يانچۇقى تومپىيىش، روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇش» توغرىسىدا مەخسۇس سۆزلىدى، 2014 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ داشى كەنتىگە مۇنداق جاۋاب خەت قايتۇردى: «كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ماگنىتقا ئوخشاش يۇرتداشلارنى زىچ ئۇيۇشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن».

2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، داشى كەنتىنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 2014 ـ يىلىدىكى 25 مىڭ يۈەندىن كۆپىيىپ 2019 ـ يىلىدىكى 33 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 360 ئائىلىلىك ئاما يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، 300 نەچچە ئائىلە پىكاپ سېتىۋالدى… داشى كەنتى پارتىيە تەشكىلاتى باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىدى، يۇرتداشلارنىڭ كۈنلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلاندى.

شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنى مۇقىم قىلىشتا مۇھىم بولغىنى ئاساسىي قاتلام. پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمىتى ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئاساسى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى مۇستەھكەم، كۈچلۈك بولغاندىلا، مۇقىملىق ئاندىن مۇستەھكەم تىرەككە ئىگە بولىدۇ، تەرەققىيات ئاندىن پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساس سېلىشنى شىنجاڭنى مۇقىم، ئەمىن قىلىشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان ۋە ئاساسىنى پۇختىلاش تەدبىرى قىلىپ، تىرىشىپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان كۈچلۈك جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك».

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، يېزا ـ كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا سىجىل كۈچەپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش بىلەن بىللە، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە بايرىقىنى ھەربىر ئاساسىي قاتلام بازىسىدا ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسى، تەرەققىيات ئاساسى، مۇقىملىق ئاساسىنى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەملىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى نەچچە ئون مىڭلىغان كەنت، مەھەللىدە «ئىككى كومىتېت» رولىنى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك جارى قىلدۇرماقتا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مۇلازىمەت ئېڭى تېخىمۇ كۈچەيمەكتە، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشماقتا، كادىرلار، ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىشتىكى كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھى تېخىمۇ ئاشماقتا.

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كۈچلۈك ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىگە موھتاج، جەزمەن سىياسىيدا كۈچلۈك، ئىقتىداردا كۈچلۈك، ئىستىلدا كۈچلۈك يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى تاۋلاپ چىقىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى باش ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشنى ئىستىل جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن باشلاپ، تىرىشىپ سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقتى.

ئاچقۇچلۇق پەيتتە مەسئۇلىيەتچانلىقنى نامايان قىلدى، بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش روھىنى نامايان قىلدى. شىنجاڭدىكى كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلقنى ئويلايدىغان ھېسسىياتى، زىددىيەتكە بىۋاستە يۈزلىنىش جاسارىتى، مەن قىلمىسام كىم قىلىدۇ دەيدىغان غەيرىتى بىلەن يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىپ، يېڭى كەيپىياتنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

7 ـ ئايدىكى تومۇزدا، ئۈرۈمچىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭىدىن يۈز بەردى، ۋەزىيەت كەسكىن بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىپىسى ئېغىر ھەم مۈشكۈل بولدى. «مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن ئالدى بىلەن باراي» «يۇقۇم يوقىتىلمىغىچە مەن چېكىنمەيمەن»، پارتىيە ئەزاسى ئاۋانگارتلار ئەترەتلىرى، پارتىيە ئەزاسى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترەتلىرى ۋىرۇس بىلەن ھايات ـ ماماتلىق كۈچ سىنىششىنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇستەھكەم تۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇردى. سىياسىيدا مۇستەھكەم، كۈچلۈك، بوران ـ چاپقۇننىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان مۇشۇنداق يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى بىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشىمىزغا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشىمىزغا ئىشەنچ ئاتا قىلدى، تېخىمۇ مۇھىمى بىزنىڭ مەردانە قەدەملەر بىلەن ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىشىمىزغا ئۈمىد ئاتا قىلدى.

ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ جەزمەن ئاساسىي چوققىسى بولىدۇ. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتىكى رەھبەرلىك يادروسلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا. بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئۆزىنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچلۈك كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ، پۇختا ئاساسىي قاتلام تەشكىلات سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئەسقاتىدىغان ئاممىغا خىزمەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرسەك، «يۆلەنچۈك» تۇرغۇزۇپ، «تۆۋرۈك»نى تىكلەپ، «تۇراقلاشتۇرغۇچ»نى مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىيەلەيمىز.

9

«مەن نۇرغۇن جايلارغا باردىم، ئەڭ گۈزەل جاي يەنىلا بىزنىڭ شىنجاڭ…» مۇشۇ جايدا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ جايدا چوڭ بولغان شىنجاڭلىقلار ناخشىسى ئارقىلىق يۇرتىنى مەدھىيەلەشنى ياخشى كۆرىدۇ، يېقىملىق مېلودىيە ئىچىدە چوڭقۇر مۇھەببەت بار، تېخىمۇ قىزغىن ئارزۇ ـ ئۈمىد بار.

«خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز»، 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، 2000دىن ئارتۇق كۈن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى، قارىماققا ئادەتتىكىدەك بىلىنسىمۇ، ئەمما ئاجايىپ ئۆتتى.

بۇ قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان مەردانە مۇساپە. گەرچە مەنزىل يىراق، قىيىنچىلىقلار قاتمۇقات بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشەنچىسى ئەزەلدىن تەۋرىنىپ باقمىدى.

بۇ ئېگىلمەس ـ سۇنماس كۈرەش مۇساپىسى. گەرچە بوران ـ چاپقۇنلار كۈچلۈك، يوللار ئەگرى ـ توقاي بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلىشىدە، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمى ئەزەلدىن توختاپ قالمىدى.

تارىخ ئەزەلدىن ئىرادىسى مۇستەھكەملەر، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغانلار، جان تىكىپ ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى ھەممىنى شادلاندۇردى، تىنچلىق، ئاسايىشلىق ئېلىپ كەلدى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا يېڭى كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈردى، ھەر مىللەت خەلقنى پۈتمەس ـ تۈگىمەس بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈردى.

تەستە قولغا كەلگەن بۇ چوڭ ياخشى ۋەزىيەت باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بايراق كۆتۈرۈپ يۆنىلىشنى بەلگىلىگەنلىكى، رولچى بولۇپ يول باشلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، سەممىي غەمخورلۇقىنىڭ نەتىجىسى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، بىز قەتئىي تەۋرەنمەي باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرساق، ئەمەلىيلەشتۈرسەك، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرساق، ئەمەلىيلەشتۈرسەك، شىنجاڭ چوقۇم ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت ۋەزىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، ھەر مىللەت ئاممىسى چوقۇم خاتىرجەم ياشايدىغان گۈزەل يۇرت ـ ماكانغا ئىگە بولىدۇ.

تەستە قولغا كەلگەن بۇ چوڭ ياخشى ۋەزىيەت پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقى، شەخسىيەتسىز ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۈەن، خەلقنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، بىز جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، قىيىن كۈنلەردە بىللە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلساق، چوقۇم بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىيەلەيمىز.

ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا مۇقەددىمە.

«ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇتلەق نامراتلىقتىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاخىرقى پەيتىدە، «13 ـ بەش يىل» تاماملىناي دەپ قالغان، «14 ـ بەش يىل» باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، شىنجاڭ يەنە يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرماقتا.

مۇشۇ پەيت، مۇشۇ دەقىقىدە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ سەلتەنەتلىك مۇساپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىزنى چاقىرماقتا. بۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتى ۋە تۈپ مەنپەئەتى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئۈمىدى، بەختى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئۇلۇغ يۈرۈش قىلىش داۋامىدا، ھەر مىللەت تىيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرى جاسارەت بىلەن نەتىجە ياراتماقتا، توختىماي ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرمەكتە.

بىز «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلايلى. گەرچە شىنجاڭ پايتەخت بېيجىڭدىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبى باشتىن ـ ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇش، چىڭ تۇتاشقان بولۇشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، گۈزەل دەۋرنى قەدىرلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى بارغانسېرى گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!